

دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

ۋاكاكا بىلەن ئېشىشىنىك

ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىشى

# ياۋۇز

# ئامورسۇم بېلىقى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

恶斗大鲶鱼：维吾尔文／黎程程编；阿孜古丽·阿不力米提译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ.①恶… Ⅱ.①黎… ②阿… Ⅲ.①连环画－作品－中国－现代 Ⅳ.①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088970 号

丛 书 名 博士妈妈讲故事
书　　名 恶斗大鲶鱼
主　　编 黎程程
译　　者 阿孜古丽·阿不力米提
责任编辑 努尔阿利亚·阿布都克里木
责任校对 买哈巴·铁外库
制　　版 乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　　版 新疆美术摄影出版社
　　　　 新疆电子音像出版社
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 880 mm × 1230 mm 1/24
印　　张 2
版　　次 2011 年 5 月 第 1 版
印　　次 2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　　号 ISBN 978-7-5469-1357-5
总 定 价 58.00 元（全十册）

ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭلىنىڭ بىلىكى ئۈستىدىكى كىچىك كونۇپكا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرىدىكەن. يەنە تېخى «دۇ، دۇ» قىلىپ ئاۋازمۇ چىقىرىدىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ۋاقىتتا يىراقتىن بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ:

— ۋاكاكا، ئەيشىشى، مەن دەننى تاغاڭلار، سىلەرنىڭ ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىڭلار بولدى، كو-
نۇپكىنى باسساڭلار ئۆيگە قايتىسىلەر.

بۇ ۋاقىتتا ۋاكاكا خۇشال بولغىنىدىن دەرھاللا:

— دەننى تاغا، مېنى لەھەڭگە ئۆزگەرتىپ قويالامسىز؟ بۇ يەرنى ياۋۇز ئامور-
سۇم بېلىقى قالايمىقان قىلىدىكەن، — دەپتىكەن، ئەيشىشىمۇ قوشۇمچە قىلىپ:

— دەننى تاغا، مەنمۇ لەھەڭگە ئۆزگىرىپ، بۇ ياۋۇز ئامورسۇم بېلىقىنى قوغلى-
ۋېتىمەن، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

دەننى تاغا:

— بالىلىرىم، ئەپسۇس، مەن سىلەرنى ئۆزگەرتىپ قويالمايمەن، سىلەر پەقەت ئۆزۈڭلارنىڭ ئەقلى ۋە باتۇرلۇقۇڭلارغا تايىنىپ، ئامورسۇم بېلىقى بىلەن جەڭ قىلىڭلار، ئامورسۇم بېلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

ۋاكاكا جىددىيلەشكىنىدىن، يالۋۇرۇپ:
— دەننى تاغا، ئۆتۈنۈپ قالايلى، ئەمدى كىچىك-
سەك ئۆلگۈرەلمەيمىز، — دەپتۇ.



ساردىنا بېلىق ھەدە، ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، چۆ‑
شىنەلمەي ئۇلاردىن:

ـ سىلەر كىمگە گەپ قىلىۋاتىسىلەر؟ نېمە لەھەڭ، ئامۇر سۇم بېلىقى،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋۇز، بىز ئۇلسەكمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز...



www.uyghurkitap.com



دەل مۇشۇ پەيتتە، ھيلىقى ئامورسۇم بيلىقى سۇدىن شۇڭغۇپ چىقىپتىكەن ئەيشىشى قورقىنىدىن:

— بولمىدى! ئامورسۇم بيلىقى كەلدى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھېلىقى بەدىنى سىلىق، ئىككى تەرىپىدە ئۇزۇن بۇرۇ-
تى بار، ئېغىزىدە بىرنەچچە تال ساقىلىنى تىترىتىپ
تۇرغان ئامۇرسۇم بېلىقى كۆزلىرىنى ئالا - يېشىل
قىلىپ، «ھى، ھى» دەپ ھىيلىگەرلەرچە كۈلۈپ:
— كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر! — دەپتۇ.

ئامۇرسۇم بېلىقى ياسالمىلىق بىلەن:

— قورقماڭلار، مەن سىلەرنى كۆرگىلى كەلدىم. بىز ئويۇن ئوينىساق بولامدۇ؟ — دېيىشىگە، ساردىنا بېلىق ھەدە «تۇفىي» دەپ ئۇنىڭغا بىرنى تۇكۇرۇپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئامورسۇم بېلىقى ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— ۋۇي، بۇنداق قىلما. مەن سىلەرنىڭ ياخشى دوستۇڭلارغۇ؟ — دېگەن ئىكەن، ۋاكاكا ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىدىن سەسكىنىپ:


— ھىم، سېنىڭ پارقىراق تېرەڭدىنلا، ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلگىلى بولىدۇ، — دەپ ئۇنىڭغا گۆلىيىپتۇ. ساردىنا بېلىق ھەدە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:

— سەن يۈزسىز ئەبلەخ تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمىگىنە، — دەپتۇ.

ئەيشىشى بۇنىڭدا قانداق مەخپىيەتلىك يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ:

— مەن بۇنى يەنىلا چۈشەنمىدىم، ئادەملەر نېمىشقا ئامورسۇم بېلىقىنى سۇ ساندۇقىغا سولايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ساردىنا بېلىق ھەدە چۈشەندۈرۈپ:

— ئىنسانلار ساردىنا بېلىقنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ گۆشىمىز ئىنتا-
يىن يېيىشلىك، بەدىنىمىزدە نۇرغۇنلىغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بار، تىرىك بېلىق ئەلۋەتتە ئۆلۈك
بېلىققا قارىغاندا پۇلغا يارايدۇ ـ دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



بىراق، بىز بېلىقلارنىڭمۇ كېمىدە بېشىـ
مىز قايىدۇ. بىز قىرغاققا چىقىپ بولغىچە، ئاردـ
مىزدىكى كۆپلىگەن بېلىقلار دېڭىز دولقۇنىغا
بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلىدۇ. بۇ چاغدا بېلىقچىـ
لارنىڭ پايدىسىمۇ كېمىيىپ كېتىدۇ.




www.uighurkitap.com

ساردىنا بېلىق ھەدە ئارقىدىنلا:

— ئىنسانلار كېيىن، بىزنىڭ قېيىقتا «قاتتىق ئۇيقۇ»غا كېتىدىغانلىقىمىزنى، دولقۇن كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ئۇيقۇ ھالەتتە، دېڭىز دولقۇنىنىڭ سىلكىنىشىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بايقاپ قاپتۇدۇ، — دەپتۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


— ئۇ ئەبلەخلەر بىز سەگەك تۇرساق، دېڭىز دولقۇنىغا قارشى تۇرۇپ هايات قالىدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەقىبىمىز بولغان ئامورسۇم بېلىقنى تور سېۋەتكە سولايدۇ. بۇنداق بولغاندا بىز ساردىنا بېلىقلىرى ئۇنىڭدىن قورقۇپ، هايات قېلىش ئۈچۈن سەگەك تۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز ۋە هەر تەرەپكە قاچىمىز هەمدە ئۆلمەي ئۇزۇن تۇرالايمىز، — دەپتۇ ساردىنا بېلىق هەدە.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە! —
بۇنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ئىنتايىن
غەزەپلىنىپتۇ.



بۇ ۋاقىتتا، ئامورسۇم بېلىقى يەنە ئۇزۇپ كەپتۇ. ۋاكاكا كۆپچىلىككە ئاۋاز چىقارماسلىقنى ئېيتىپ:

— جىم، گەپ قىلماڭلار، ھېلىقى ئەبلەخ يەنە ئۇزۇپ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت ئاۋاز چىقارمىساقلا، ئۇ بىزنى كۆرەلمەيدۇ، — دەپ دوستلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.


ساردىنا بېلىق ھەم بېشىنى چايقاپ:

— بېلىقلار كېچىسى كۈندۈزگە قارىغاندا كۆپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزنى بايقاپ قېلىشىغا ئامالى بار، — دەپتىكەن، ۋاكاكا ھەيران بولۇپ:

— ھە؟ بۇ ... — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى.



كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ساردىنا بېلىق ھەدە ئامورسۇم بېلىقنىڭ ئىككى تال بۇرۇتىنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭلار، بۇ ئەبلەخلەرنىڭ بۇرۇتى بەكلا غەلىتە، ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئوزۇقلۇق تاپالايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇرۇتى ئىنتايىن قوپال ھەم سەزگۈر بولۇپ، ئادەملەرنىڭ تىلىغا ئوخشاش يېمەكلىكلەرنىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ. ئوزۇقلۇق ئۇچرىغاندا، يېيىشلىك ياكى يېيىشلىك ئەمەسلىكىنى، يېگىلى بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ، — دەپتۇ. ئەيشىشى بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئۇ خېلى ئەقىللىقكەنغۇ، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ساردىنا بېلىق ھەدە يەنە:

ــ ئامورسۇم بېلىقنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆز، مەيلى ئۆسۈم-
لۈك ياكى ھايۋان بولسۇن، تىرىك، ئۆلۈك ھەتتا ئېچىغان، بۇزۇل-
غان نەرسە بولسۇن ھەممىنى يەيدۇ، ــ دەپتىكەن، ۋاكاكا بۇ زوم-
گەرلەردىن نەپرەتلەنگەن ھالدا مۇشتۇمىنى تۈگۈپ:

ــ مەن ئۇنى تازا بىر ئەدەپلەپ قويمىسام بولمايدۇ، ــ دەپتۇ.



ئامورسۇم بېلىقى كۆپچىلىكنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە بۇرۇتىنى قايرىپ، ئېغىزلىرىنى قىيساتقىنىچە، سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھى... ھى... بۇنچىۋالا كۆپ بېلىقنىڭ بارلى-قىنى ئويلىماپتىمەن، قورسىقىم تازا ئېچىپ تۇراتتى. ھىم، ئارىسىدىن يوغان بېلىقنى تاللاپ يەي، — دەپ ئۇلارنى تۇتۇشقا تەمشىلىپتۇ.

ساردىنا بېلىقلىرى قورقىنىدىن تۈگۈلۈۋېلىپ، كۆز يېشى قىلىشىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئامورسۇم بېلىقى مەغرۇرلانغان هالدا سېمىز ساردىنا بېلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاتايىن سەن ئۈچۈن كەلدىم، ھەي ئاڭلىدىڭمۇ! — دەپ ۋارقىراپتىكەن، ساردىنا بېلىقى قورقىنىدىن:

— ياق، ياق! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.



ساردىنا بېلىق ھەدە ئامورسۇم بېلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەزىپى تېشىپتۇ. ئۇ، ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭلىغا قاراپ:

— ھىم، مەن ئۇنىڭ بۇرۇتىنى چىشلەي، ئۇ نېمىگە ئاچچىقلايدىكىن قېنى، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساردىنا بېلىق ھەدە باتۇرلۇق بىلەن:

ـــ ھەي، باشقىلارنى ئۇنداق بوزەك قىلما. بىلەمسەن، بىز ئاق كۆڭۈل ساردىنا بېلىقلىرى باشقىلارغا ئۇنداق ئاسان بوزەك بولمايمىز، ـــ دەپ ئامورسۇم بېلىققا ئېيتىپتۇ. ئامورسۇم بېلىقى كىچىك، ئاجىز بېلىقلارغا ھەيۋە بىلەن:

ـــ ھى... ھى...، باتۇر جانىۋارلاردىن ئوخشىمامسىلەر؟ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسىلەر؟ تەڭداشسىز ياۋۇز ئامورسۇم بېلىقى دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ ـــ دەپ ماختىنىپتىكەن، بېلىق، راكلار بۇنى ئاڭلاپ ئامورسۇم بېلىققا قاراپ تۈكۈرۈپتۇ.



ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىگە قاراپ، بىرلىكتە:

ــ قۇرۇق پاراڭنى قوي، بىر، ئىككى، ئۈچ! ــ دەپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ.

ــ بىر، ئىككى، ئۈچ ھۇررا! ئەيشىشى ئۇلار ئۇچەيلەن بىرلىكتە ئامورسۇم بېلىقىغا ئېتىلىپ، بىر مۇشتىلەن ئۇنى يىقىتىۋې- تىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ئامورسۇم بىلىقى باتۇر ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىل ۋە
ساردىنا بىلىق ھەدىنىڭ ئۆزىنى يىقىتىۋېتىدىغىنىنى
ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن، ئۇ «ۋايىيەي، ۋايىيەي» دەپ قور-
سىقىنى تۇتۇپ قاپتۇ، ۋاكاكا ئامورسۇم بىلىقىنى كې-
لىشتۇرۇپ يەنە بىر مۇشت سالغان ئىكەن، ساردىنا
بىلىق ھەدە ۋە ئەيشىشى خۇشال بولۇپ، چاۋاك چېلىپ
كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



ئامورسۇم بېلىقى غەزەپتىن ساردىنا بېلىقلىرىغا شالىسى-
نى چاچرىتىپ:

— ھىم، سەنلەر ئۆزۈڭلارنى چاغلىماي، تېخى مەن بىلەن
ئېلىشماقچىما، — دەپتۇ.



ساردىنا بېلىقلىرى ئامۇرسۇم بېلىقىغا غەزەپ بىلەن:

— بىز ھەرگىزمۇ سېنىڭدەك ئەبلەختىن قورقۇپ قالمايمىز. ساڭا ساردىنا بېلىقلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئامورسوم بېلىقى تويۇقسىزلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ساردىنا بېلىق ھەدىنى چىشلەپ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ. ساردىنا بېلىق ھەدىمۇ ئۇنداق ئاسان بوزەك بولماپتۇ. ئۇ سەزگۈرلۈك بىلەن ئامورسوم بېلىقنى ئازدۇرۇۋېتىپتۇ.

ئامورسۇم بېلىقى كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ساردىنا بېلىقىغا ئېتىلىپ كەپتۇ. بۇ ۋاقىت-تا، ساردىنا بېلىق ھەدە، چاققانلىق بىلەن ئامورسۇم بېلىقىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، پات - پات ئەتراپقا قاراپ قو-يۇپتۇ.





كۆپچىلىك ساردىنا بېلىق ھەدىنىڭ باتۇرلۇقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپتۇ. ئامورسۇم بېلىقى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇرۇتىنى تىترىتىپ ئىككى قېتىم يۈزىنى تۆكۈۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئامورسوْم بېلىقى ساردىنا بېلىق ھەدىگە ئېتىلىپ كېلىپ كوْچەپ توْروْپ بىرنى چىشلەپتىكەن، ساردىنا بېلىق ھەدە ئاغرىقتىن قاتتىق بىرنى ۋارقىرىۋېتىپتوْ، ئەيشىشى كوْڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

ـــ ساردىنا بېلىق ھەدە، ھوْ... ھوْ...، ـــ دەپ يىغلاپ كېتىپتوْ. ۋاكاكا ئاچچىقىدىن موْشتىنى تەڭلەپ توْروْپ: «مەن سىنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بەرمەيدىغان بولسام!» دەپ ۋارقىراپتوْ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ ۋاقىتتا، ئەقىللىق ھەم باتۇر ساردىنا بېلىق ھەدە ئاغرىقىقا چىداپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئامۇر-سۇم بېلىقنىڭ بۇرۇتىنى ئۈزۈۋاپتۇ.



ئامورسۇم بېلىقى ساردىنا بېلىقىنىڭ قاتتىق چىشلىشىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ، ساردىنا بېلىقى قوتۇلۇپ قاپتۇ. ئەيشىشى ساردىنا بېلىق ھەدىگە قاراپ باش بارمىقىنى چىقىرىپ مەدەت بېرىپتۇ، كۆپچىلىك خۇشال ھالدا:

— ساردىنا بېلىق ھەدە ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەنسىز، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

ئەيشىشى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، ساردىنا بېلىق ھەدىدىن:

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ساردىنا بېلىق ھەدىنىڭ بەدىنىدە بىرنەچچە تال چىشنىڭ ئىزى بار بولۇپ، قان توختىماي ئېقىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ

— سىلەر ھەرگىزمۇ بۇ ئەبلەختىن قورقماڭلار، — دەپتۇ. ۋاكاكامۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەيشىشى قايغۇرغان ھالدا:

— ئوبدان ھەدە، سىز ھەرگىز ئۆلمەيسىز، — دەپتۇ. بېلىق، راكلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

— ھۇ... ھۇ...، ئۇ نېمىدېگەن بىچارە، — دەپ يىغلاپ كېتىشىپتۇ. ئامورسۇم بېلىقى بۇنى كۆرۈپ، خۇشال بولغىنىدىن:

— ھى... ھى...، سىلەرنىڭ ئايرىلىشقا كۆزۈڭلار قىيمايۋاتامدۇ؟ بۈگۈن سىلەرنى بارار جايىڭلارغا ئاپىرىپ قويىمەن، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا غەزەپلەنگەن هالدا ئامورسۇم بېلىقنى:
— سەن بەك رەزىل ئىكەنسەن، ئەدىپىڭنى بىر بەرمىگىنىمنى كۆر، — دەپ تىللاپ كېتىپتۇ.

ئەيشىشى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هالدا:

— ئاكا، قاراملىق قىلما، بىزنىڭ ماڭىدىغان ۋاق-
تىمىز بولدى، — دەپ پىچىرلاپتۇ.



دوستلار بىلەن ئايرىلىدىغان ۋاقىت كېلىشى بىلەن، ئەيشىشى تۇختىماي كۆز يېشى قىلىپ:

ــ ساردىنا بېلىق ھەدە، سىلەر ئامان بولۇڭلار، دوستلار خەير ـ خوش، ــ دەپتۇ. ۋاكاكامۇ دوستلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي يىغلاپ تاشلاپتۇ.

ساردىنا بېلىق ھەدە كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

ــ سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار، ــ دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئامورسوٚم بېلىقى ئۆزىنى باسالماي:

— ھەي، بېلىجانلار كۆزۈڭلار قارىغۇ بولۇپ قالدىمۇ، يەنە مەن بىلەن ئىلىشماقچىمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ قاپتۇ. ئەيشىشى بىلەن ۋاكاكا ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئەتراپقا قاراپتۇ. ئاندىن بېلىكىدىكى قىزىل كونۇپكىنى بېسىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— بىر، ئىككى، ئۈچ، ئۆزگەر، ئۆزگەر، لەھەڭگە ئۆزگەر! — دەپ ۋارقىراپتۇ.



ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىل كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزلىرىنى دەننى تاغىسىنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈپتۇ. ئۇلار سېغىنغان ئانىسى ۋە دەننى تاغىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئانىسى بالىلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن:

ــ بەك ياخشى بولدى. ھەنىم بولسا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدىڭلار! ــ دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەيشىشى تاقەتسىزلىنىپ:

— دەننى تاغامنىڭ لاھىيەلىگەن سەيلە ماشىنىسى بەك قالتىسكەن، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دەپتىكەن، ۋاكاكامۇ:

— بۇ قېتىمقى دېڭىز ئاستى چۈشى بەك قىزىقارلىقكەن، كېلەر قېتىم جەنۇبىي قۇتۇپقا بېرىپ پىنگۋىنلارنى كۆرۈپ كېلەيلىچۇ، — دەپتۇ.





ۋاكاكا يەنلا ئەپسۇسلانغان هالدا:

ــ دەنىنى تاغا، مىنى لەهەڭگە ئۆزگەرتىپ قويالامسىز؟ مىنىڭ هىلىقى ياۋۇز ئامورسۇم بىلىقىنىڭ تازا بىر ئەدىپسى بەرگۇم كىلىۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ.

ئەيشىشى ساردىنا بىلىق هەدىنى ئىسىگە ئىلىپ، كۆز يىشىنى سۇرتكەچ:

ــ ساردىنا بىلىق هەدە بەك بىچارىكەن، مەنمۇ لەهەڭگە ئۆزگىرىپ، ساردىنا بىلىق هەدىنى قۇتقۇزۇپ چىقىمەن، ــ دەپتۇ.



ــ سىلەرنىڭ تەلپىڭلارنى ئويلىشىپ بېقىشقا
بولىدۇ، بىراق سىلەرمۇ ماڭا دېڭىز بىلىملىرىنى
چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە دېڭىز ئاستى
جانلىقلىرىنى ياخشى قوغداشقا ۋەدە بېرىڭلار، ــ
دەپتۇ دەننى تاغا.

ۋاكاكا ئاكا ــ سىڭىل دەننى تاغىسىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا:

ــ رەھمەت دەننى تاغا، خەير ــ خوش! ــ دەپ خوشلىشىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

## ئامۇرسۇم بېلىقى



ئامۇرسۇم بېلىقى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بولۇپ، كۆپ خىل تۈردىكىلىرى كۆلچەك ياكى دەريا قاتارلىق تېيىز سۇدا، ئاز بىر قىسىم تۈرلىرى دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ. ئامۇرسۇم بېلىقىنىڭ ئادەتتە قاسىرقى يوق، بېشى ياپىلاق، ئېغىزى چوڭ، ئېغىزى ئەتراپىدا ئۇزۇن بۇرۇتى بار. بۇ ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق پۇراق پۇرىيالايدۇ، ئامۇرسۇم بېلىقى كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، كۈندۈزى تىنىچ سۇ ئاستى ۋە دەرەخ يىلتىزى ئاستىدا مۆكۈنۈۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارنى چوڭ، ئوزۇقلۇقى كۆپ خىل بولۇپ، تۈرلىرى ھەرخىل. مەسىلەن: دەريا ئامۇرسۇم بېلىقى بولسا كىچىك سۇ قۇشلىرى، چاشقانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ھەممىدىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، ئامۇرسۇم بېلىقىنىڭ تۇخۇمدانىدا زەھەرى بار. قالايمىقان ئىستېمال قىلغاندا، قۇسۇش، قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش، نەپەس قىيىنلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغاندا پالەچ قىلىپ قويىدۇ.



## توپلام خۇلاسىسى

ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى قوشماق ئاكا ـ سىڭىللار ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ۋاكاكا ئىنتايىن كەپسىز ئىدى، ئۇ دەننى تاغىسىنىڭ يېڭىدىن ياسىغان كەشپىياتى «خيالي ساياھەت ماشىنىسى» نى قوزغىتىپ، ئەيشىشى بىلەن بىرلىكتە ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىپ دېڭىز ئاستىغا كىرىپ، نۇرغۇنلىغان دېڭىز ھايۋانلىرى بىلەن دوست بولۇپ، ئادەتتە ئاسان ئۆگەنگىلى بولمايدىغان دېڭىز ھايۋانلىرىغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ، ئۇنداقتا، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىدۇ؟ كىچىك دوستلارنىڭ كېيىنكى ھېكايىمىزگە دىققەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز.



بىلىم ـــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم ـ پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.




مەجمۇئە نامى: دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

كىتاب نامى: ياۋۇز ئامورسۇم بېلىقى

تۈزگۈچى: لى چېڭچېڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئارزىگۈل ئابلىمىت

مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم

مەسئۇل كوررېكتورى: مەرھابا تەۋەككۇل

بەت ياسىغۇچى: ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

فورماتى: 880mm × 1230mm 1/24

باسما تاۋىقى: 2

نەشرى: 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1357-5

ئومۇمىي باھاسى: 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)

ISBN 978-7-5469-1357-5

9 787546 913575 >

总定价:58.00元(全十册)


5.80

www.uyghurkitap.com